قەلب ساداسى

# تۈنۈگۈن بىلەن خوشلىشىپ، تېخىمۇ بەختلىك ئەتىگە ئاتلىنىمەن

□ خوتەن شەھەرلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ئابدۇئەخەت ئىسمائىل

مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇئەخەت ئىسمائىل، بۇ يىل 46 ياشقا كىردىم، خوتەن شەھىرىدىكى بىر ئاددىي ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر خوتەن شەھىرىدىكى بىر يۇيۇش - تازىلاش زاۋۇتىنىڭ پايچىسى ۋە مەسئۇلى. مەن تۈنۈگۈنۈم، بۈگۈنۈم ۋە ئەتەم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئىلگىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دۆلەت خىزمەتچىسى بولغان، كېيىن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ تىجارەت قىلدىم. مەمەت ئابلا ئىسىملىك بىرەيلەن دائىم مېنىڭ سودامغا كۆڭۈل بۆلەتتى، شۇڭا مەن ئۇنى «دوستۇم» دەپ بىلەتتىم. تىجارەت ئالاقىسى داۋامىدا، ئۇ دائىم ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» «كاپىرلىق سەپسەتىسى» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلدى، كېيىن مەن ئۇنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئېغىر يۇقۇملانغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاستا - ئاستا مەن ئۇنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، مەجەزىم بارغانسېرى ئۇساللىشىپ، تىجارەت قىلغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئاتالمىش «كاپىرلار»غا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىم بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ھەتتا بەزىدە قەستەن قۇسۇر تېپىپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى تىللايدىغان، ئۇلارنى ھاقارەتلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرىپ تەربىيەلەنگەن مەزگىلدە، مەن ناھايىتى خۇشال ياشىدىم، مۇئەللىملەر ماڭا خۇددى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆيۈندى، ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، ماڭا تەربىيە بەردى، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەم كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مەن ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى، ئۆيلىنىش قانۇنى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى قاتارلىق قانۇن، قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندىم. ئۆزۈمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى قانۇن - نىزامغا سېلىشتۇرۇپ، قايتا ئويلىنىپ، چوڭقۇر پۇشايمان قىلدىم، ئەگەر تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، مەن بەلكىم ئاللىقاچان «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زەمبىرەك يېمىگە ئايلانغان بولاتتىم. شۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەنكى، تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنىڭ توسۇلغان بىر جۈپ كۆزۈمنى قايتا ئېچىپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، كاللام بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان بىرقانچە تەربىيەلەنگۈچى بىلەن شېرىكلىشىپ بىر يۇيۇش - تازىلاش زاۋۇتى قۇردۇم. ھۆكۈمەت بىزگە باج، ئىشچى ئىشلىتىش ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن كۆپ ئېتىبار سىياسەتلەرنى بەردى، ھازىر تىجارىتىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، بىز تولۇق غەيرەتكە كەلدۇق، ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىمىز ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە تۈرتكە بولىمىز.

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، مېنىڭچە، بۇ بىر ناھايىتى بىمەنە ئىش. ئۇلار نېمىگە ئاساسەن بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئىشىغا كەلسە - كەلمەس قول تىقىدۇ؟ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. تەلىم - تەربىيە مەركىزى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بارلارغا قارىتا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىيلىك قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن چاغدا، بىز ئۆيگە قايتالايتتۇق، ئىشىمىز بولسا رۇخسەت سورىيالايتتۇق، يەنە تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ھەقسىز يەيتتۇق. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمەسلىكى كېرەك، ئۇلارنىڭ نىيىتى بەكلا رەزىل ئىكەن.

مەن بىر يەرلىك خوتەنلىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خوتەندە مۇشۇ يىللاردا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم: كىچىك بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا كەڭرى، يورۇق ئەمىن ئۆيلەر سېلىندى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپىلىق يوللارنىڭ ئورنىغا ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ئاسفالت يوللار ياسالدى، كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بوستانلىققا ئايلاندى، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جايلارغا ئېگىز بىنالار سېلىندى. ھازىر، بىز مەجبۇرىيەت مائارىپى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئەمىن ئۆي، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قاتارلىق تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. مەن ۋە ئەتراپىمدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ھەممىمىز ئازابلىق ئەسلىمىگە تولغان تۈنۈگۈن بىلەن خوشلىشىپ، بەختلىك بۈگۈنكى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپ، تېخىمۇ بەختلىك، ئۈمىدكە تولغان ئەتىگە ئاتلىنىشىمىزغا ياردەم بەرگەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

# ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشايدىغان يېڭىچە ئايال بولىمەن

□ خوتەن ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  نۇرجاھان ئىبادەت

مېنىڭ ئىسمىم نۇرجاھان ئىبادەت، بۇ يىل 26 ياشقا كىردىم، ئۆيۈم خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېزىسىدا. مەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ۋە دوستلىرىمنى ئەنسىرىتىدىغان، بىزار قىلىدىغان ئادەمدىن تېخنىكا بىلىدىغان، پۇل تاپالايدىغان، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشايدىغان يېڭىچە ئايالغا ئايلاندىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەرگۈم بار.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزمەيلا ئوقۇشتىن چېكىندىم، تۇرمۇش تەجرىبەم يېتەرسىز بولغاچقا، شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىم ناھايىتى ئاجىز ئىدى، دائىم نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتىم. بىكار ۋاقىتلىرىمدا، مەن تور ئارقىلىق ئاتالمىش بىر «دوست» تۇتتۇم، ئۇ ماڭا بىر تور بېكەتنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە مېنى قايمۇقتۇرۇپ: «بۇ تور بېكەتتە بىز ئۇيغۇرلار كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بار» دېدى. مەن بۇ تور بېكەتكە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن سىننى كۆردۈم، مەسىلەن، «ئاياللار كىتاب ئوقۇسا بولمايدۇ، سىرتقا چىقىپ ئىشلىسە بولمايدۇ» «‹كاپىر›لارغا ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش كېرەك» دېگەندەك. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مېنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇم بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كەتتى: سىرتقا چىققۇم كەلمەيدىغان، يات كىشىلەر بىلەنمۇ بېرىش - كېلىش قىلغۇم كەلمەيدىغان، ھەتتا ئائىلىمىزگە ياردەم قىلغان كەنت كادىرلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، يەنە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى «كاپىر»، ئۇلار ياسىغان بارلىق نەرسە مۇسۇلمانچە ئەمەس دەيدىغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدىغان بولدۇم.

مېنىڭ بۇ قىلمىشلىرىم ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر ۋە دوستلىرىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «سەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپسەن، بۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىسەن» دېدى. كېيىن، ئۆيدىكىلەر ۋە دوستلىرىمنىڭ ياردىمىدە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرىپ تەربىيەلەندىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرىشتىن بۇرۇن، مېنىڭ قانۇن ئېڭىم ئاجىز، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىم تۆۋەن ئىدى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ھەتتا پۇقرالارنىڭ قانداق ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ نەقەدەر ئەخمەقانىلىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى، كاللامدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگىتىپ، مېنىڭ يېڭى ھاياتنى باشلىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئىلگىرى، مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغان، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنىمۇ ئۆگەنمىگەنىدىم. بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدا ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى يازالمايتتىم، بۇنىڭدىن بەك خىجىل بولاتتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە مەن ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگەندىم، ھازىر دۆلەت ئورتاق تىلىدا باشقىلار بىلەن نورمال پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىم ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدىم. باشقىلار بىلەن كۆپ ئارىلاشقاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدۇم. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن ئۆزۈمنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىمنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېزىمىزدىكى ئېلېكترون زاۋۇتى ئىشچى قوبۇل قىلدى، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن، خىزمەتكە ناھايىتى تېزلا ماسلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ قالدىم. مۇقىم خىزمەت ۋە مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇم، مەن ھازىر پۇل تېپىپ ئاپامنى بېقىپ، ئۇنىڭ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا جاۋاب قايتۇرالايدىغان بولدۇم. ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىكى ئۆزگىرىشتىن خۇشال بولدى، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئىلگىرى مەن ئاپامنى ئەنسىرىتىپلا يۈرىدىغان بالا ئىدىم، ھازىر مەن ئاخىر ئاپامنىڭ پەخىرلىنىدىغان قىزى بولدۇم، بۇ خىل تۇيغۇنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن. مېنىڭ بىر قىسىم ئاچا - سىڭىللىرىم مېنىڭ مۇقىم ھەم ياخشى كىرىممىنىڭ بولغانلىقىغا بەك ھەۋەس قىلىدۇ، دائىم مەندىن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى قانداق ئۆگىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورايدۇ، ئۇلار: «نۇرجاھان، سىز ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك ئادەم، سىزگە بەك ھەۋەس قىلىمىز! بىز سىزدىن كۆپرەك ئۆگەنسەك، كېيىن ياخشى خىزمەت تاپالايمىز» دېيىشىدۇ.

# تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى بەختلىك تۇرمۇشقا قاراپ پەرۋاز قىلدۇردى

□ پىچان ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ئابدۇل مەمەت

مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇل مەمەت، پىچان ناھىيەسىنىڭ پىچان بازىرى كىچىك ھوڭ كەنتىنىڭ ئاھالىسى، ھازىر ناھىيە بازىرىدىكى بىر رېمونتخانىدا ئىشلەيمەن. يېقىندا خەۋەرلەردىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلەندىم. مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن، تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇ يەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئوچۇق شەكىلدىكى جەمئىيەت مەكتىپى بولۇپ، مېنى بەختلىك تۇرمۇشقا قاراپ پەرۋاز قىلدۇردى.

ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن. بىر قېتىم مەن بازار ئايلىنىۋاتقاندا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان، مەزمۇنى كۈچلۈك قۇترىتىش خاراكتېرىگە ئىگە قانۇنسىز بىر كىتابنى بايقىدىم. ئازدۇرۇشقا ئۇچرىغان مەن كىتابتىكى گەپلەر بويىچە ئىش قىلىشقا باشلىدىم، ئەتراپىمدىكى باشقا مىللەتتىن بولغان قوشنىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدىم، ئۇلارنى «كاپىر» دەپ قارىدىم. مەن دائىم ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولسام جەننەتكە كىرىمەن» دەپ خام خىيال قىلدىم.

2017 - يىلى، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلەندىم. بۇ يەردىكى ئوقۇتۇش ناھايىتى قېلىپلاشقان بولۇپ، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، ئوقۇتقۇچىنىڭ دېلو مىسالى ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈرۈشى بىلەن، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ جىنايى ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى دىن ئەمەس، بەلكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالداش، كونترول قىلىشقا ئىشلىتىدىغان سەپسەتىسى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن ئاپتوموبىل، موتوسىكلىت رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشى ۋە قېلىپلاشقان ئەمەلىي مەشغۇلات مەشىقى ئارقىلىق، مەن ناھايىتى تېزلا ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل ئاپتوموبىللارنى ئاسراش ۋە مۇستەقىل رېمونت قىلالايدىغان بولدۇم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن بىر موتوسىكلىت رېمونتخانىسىدا ئىشلىدىم، ئايلىق كىرىمىم 4000 يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، ئائىلىمىزنىڭ دېھقانلار مېھمانخانىسىمۇ تىجارەت باشلىدى، ئۇنى ئېچىشقا خوتۇنۇم مەسئۇل. بىرىنچى ئايدا ئائىلىمىزنىڭ دېھقانلار مېھمانخانىسى 4000 يۈەن پۇل تاپتى، مېنىڭ موتوسىكلىت رېمونت قىلىپ ئالغان مائاشىمنى قوشقاندا جەمئىي 8000 يۈەن بولدى. ئۇ كۈنى پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويدۇرغاندىن كېيىن، خوتۇنۇم بىلەن خۇشاللىقىمىزدىن قۇچاقلىشىپ يىغلاشقان كۆرۈنۈش ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. مەن خوتۇنۇم ئىككىمىز ئورتاق تىرىشساقلا، كۈنلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ھازىر، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي تەدبىرىگە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى. بۇ خەۋەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىچە يالغان - ياۋىداق گەپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇ ھەققەتەن بىمەنىلىك، كۈلكىلىك. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان بىر تەربىيەلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭچە مەن باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەققىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، بىز قەرەللىك ھالدا ئۆيگە قايتساق بولىدۇ، ئىشىمىز بولسا رۇخسەت سورىيالايمىز. تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەسپىي ئوقۇتقۇچى، دوختۇر سەپلەنگەن بولۇپ، ياتاقتا 24 سائەت ئىسسىق سۇ بار، تېببىي خادىملار قەرەللىك ھالدا سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەگەر سالامەتلىكىمىز ياخشى بولمىسا خالىغان ۋاقىتتا داۋالاش ئۈچۈن بېرىپ ھەقسىز كېسەل كۆرسىتەلەيمىز.

ئەگەر ھۆكۈمەت ماڭا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بارلارنى ۋاقتىدا قۇتقۇزمىغان بولسا، ھازىر قانداق بولۇپ كېتەر بولغىيتتىم؟ بۇلارنى ئويلىساملا، ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىتىپ، قانۇن بىلىملىرىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە كەسپىي ماھارەتمۇ ئۆگەتكەنلىكىگە، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەرنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق نەپرەتلىنىمەن، ئۇلار مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تارقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قايمۇقتۇردى، قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. مەن جۇڭگو پۇقراسى، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. مەن ئۆز يۇرت - ماكانىمنى ياخشى قوغداپ، ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق ئەتراپىمدىكى دوستلىرىمغا چوقۇم كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىمەن.